# ئۆيىنىڭ ئىچى - سىرتىدا ئۆزگىرىش بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

توك، پار قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلىرى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىلدى، يوللار قايتىدىن قاتتىقلاشتۇرۇلدى، ھازىر ئولتۇراق رايون رەتلىك، پاكىز، كەڭرى، چىرايلىق بولدى.

ۋاڭ خۇيبىڭ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە ئۆي ئىچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ تۇرالغۇ كۆلىمى 65 كۋادرات مېتىر، ئەڭ كىچىكى 44 كۋادرات مېتىر. ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرى ۋاڭ خۇيبىڭنىڭ ئۆيىنىڭ ھاجەتخانىسى ئىككى كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيتتى، ئۆزگەرتىلگەندە ئۆي ئىچى قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇلۇپ، بالكون بىلەن ئاشخانىنىڭ ئارىتىمى ئېچىۋېتىلدى، ھاجەتخانىنىڭ كۆلىمى بىر ھەسسە كېڭەيتىلدى. «40 كۈنگە قالمايلا ئۆزگەرتىلىپ بولدى، ئاشخانىغا مەرمەر تاش يۈزلۈك جاۋەن، داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان كۆكتات يۇيۇش دېسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تازىلىق ئۆيىدىكى زوڭزىيىپ ئولتۇرىدىغان تەرەت قاچىسىمۇ ئولتۇرىدىغان تەرەت قاچىسىغا ئۆزگەرتىلدى، خۇددى يېڭى ئۆيگە كۆچكەندەك بولدۇق» دېدى ۋاڭ خۇيبىڭ.

## خەلق رايىنى كۆپرەك ئاڭلاش ئەمەلىي ئىشلارنى ياخشى قىلىش

كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشكە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر كۆپ، قانداق قىلغاندا ئاھالىلەرنى رازى قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلارنى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ؟ ئۈرۈمچى شەھىرى بىر پىرىنسىپتا چىڭ تۇردى: ئاممىنىڭ تەلىپىنى تولۇق ئاڭلاش، ئامما نېمىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى ئۆزگەرتىش.

«كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن، ئاھالىلەرنىڭ تەكلىپىنى توپلاش ئارقىلىق مەۋقەنى ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ تەخىرسىز ئەمەلىي ئېھتىياجغا قويۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىنكاسى ئەڭ مەركەزلەشكەن مەسىلىلەرنى ئالدىن تاللاپ تۈر تۇرغۇزدۇق.» ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونلۇق قۇرۇلۇش ئىدارىسى (قاتناش ئىدارىسى، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ئىشخانىسى) مۈلۈك - مۇلازىمەت باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سارسانبېك مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ھەربىر تۈردە قۇرۇلۇش قىلىشتىن ئىلگىرى خەلق رايىنى تەكشۈرۈپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ مۇددىئانامە ئىمزالاپ، ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەندىن كېيىن قۇرۇلۇش باشلاپ ئۆزگەرتتۇق».

بۇنىڭغا قارىتا، ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونى گۇمۇدى غەربىي يولى تەۋەلىك رايوننى باشقۇرۇش كومىتېتى باۋاڭ ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى جاڭ يۈلۈك چوڭقۇر تەسىراتتا ئىگە. بۇلتۇر ئولتۇراق رايوندا ئۆزگەرتىش قىلغاندا، ئۇ ئالماشتۇرۇلىدىغان پارىنىڭ سۈپىتىگە ئىشەنچ قىلالماي: «قارىماققا شۇنداق نېپىز كۆرۈنۈۋاتىدۇ، بولارمۇ؟» دەپ سورىغان، خىزمەتچى خادىم زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بۇنىڭ يېڭى ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن يەنە ئورناتقان پارىنىڭ تېپى، ئۆلچىمىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەن. «مەن مەخسۇس بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بازىرىغا بىر قېتىم بېرىپ، ئالماشتۇرۇلىدىغان پار ياپراقچىسىنىڭ سۈپىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئاندىن خاتىرجەم بولدۇم» دېدى جاڭ يۈلۈك.

## ئولتۇراقلىششقا باب كېلىدىغان يەردە ئولتۇرۇش بەخت تۇيغۇسى ئېشىش

ئۆيلەر «كونا» بولۇشتىن «يېڭى» بولۇش، يوللار «تۇسۇق» بولۇشتىن «راۋان» بولۇش، كارىدورلار «قالايمىقان» بولۇشتىن «رەتلىك» بولۇشقىچە، ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا يېقىنلاشتۇرۇپ يولغا قويۇلغان كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشتە ئاھالىلەرنىڭ «ئولتۇرىدىغان ئۆيى بولۇش»تىن «ئولتۇراقلىششقا باب كېلىدىغان يەردە ئولتۇرۇش»قا ئۆسۈشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

81 ياشقا كىرگەن ئادىل سولايدۇقنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرۇۋاتقىنىغا 20 يىلدىن ئاشقانىدى، بۇلتۇر ئۇ تۇرۇشلۇق ئولتۇراق رايون ئۆزگەرتىلىپ يېڭى قىياپەتكە كىردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا ئولتۇراق رايون ئىچىدە ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، «ئىلگىرى ئولتۇراق رايون پاسكىنا ھەم قالايمىقان ئىدى، يولمۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى، ھەممە يەر كۆزگە سىغمايتتى. قاراڭ، ھازىر نېمىدېگەن ياخشى، ئۆيىنىڭ ئىچى - سىرتىدا ئۆزگىرىش بولدى، قىستاڭچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق يوق، ھەممە يەر چىرايلىق كۆرۈنىدۇ».

بۇ يىل، ئۈرۈمچى شەھىرى «بىر تۈركۈمنى يولغا قويۇش، بىر تۈركۈمنى پىلانلاش، بىر تۈركۈمنى زاپاس تەييارلاش» پىرىنسىپى بويىچە، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش ۋاقىت تەرتىپىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى. نۆۋەتتە، كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش تۈردە 12مىڭ 558 ئائىلىلىكتە قۇرۇلۇش باشلاندى.

«بىز ئىلگىرىكى يىللارغا ئوخشاش، پىكىر ئېلىش جەدۋىلى تارقىتىش ئارقىلىق ئاھالىلەر ئەڭ مەركەزلىك ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ئالدىن تاللاپ، تۈر تۇرغۇزۇپ، ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق شارائىتىنى بارغانسېرى ياخشىلايمىز» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق قۇرۇلۇش ئىدارىسى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى جۇ زوچېڭ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، زىچ ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەييارلىق ۋە مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قاتتىق بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئەمەلىي بولۇشنى تىرەك قىلىپ، تولۇپ تاشقان خىزمەت قىزغىنلىقى، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ئېڭى، كەسكىن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش روھى بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. خىزمەت قەرەلىنى تەتۈر تىزىپ، ۋەزىپىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ بۆلۈپ، فوكۇس ئارىلىقىغا توغرىلاپ، دەل جايىدا كۈچەپ، خىزمەتلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئالغا سىلجىتىپ، ھالقىلارنى بىر - بىرلەپ چىڭ تۇتۇپ، مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلىپ، تۈرلۈك تەييارلىق، تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مۇلازىمەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەكىللەر ئويلىغاننى ئويلاپ، ۋەكىللەر ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ۋەكىللەر ئېھتىياجلىق بولغاننى ھەل قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش خىزمەت قائىدىسى»دە قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنىڭ ئېنىقلىمىسى، ئەنگە ئېلىشقا مەلۇم قىلىش دائىرىسى، ئەنگە ئېلىشقا مەلۇم قىلىش ۋاقتى ۋە ماتېرىيال مەزمۇنى، ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل تارماقلار ۋە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى قاتارلىقلار ئايدىڭلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش خىزمەت تەرتىپى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىنچىكىلەشتۈرۈلۈپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرى ھەم دائىمىي كومىتېت خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىش چارىسى» ۋەكىللەرنىڭ خىزمەت تۈزۈمى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈملەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەكىللەر خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، ۋەكىللەرنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشتىكى كونكرېت تەدبىر. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى ھەم دائىمىي كومىتېت خىزمەت كومىتېتلىرى نىزام چىقىرىش، نازارەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىشى؛ ئالاقىلىشىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئالاقىلەشكەن ۋەكىللەرنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش»، نامراتلارنى يۆلەش، قېيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ پىكىر - تەكلىپىنى ئاڭلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا، شېڭ چۈنشۈ، لى چۈنياڭ، باۋ ئەنمىڭ، دولقۇن توختى، جاڭ لىگاڭ، ئابلىكىم ئابلىز، خەن جۈن، چيۇ فاسىن، چېن لى، بۇھەجەر ئابلا، لى ئەنمىن، جاۋ چۈەن قاتارلىق 12 يولداش يىغىن سۆزى قىلدى. كۆپچىلىك ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولغان نامراتلىقنى تۈزەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئارمىيە بىلەن يەرلىك قول تۇتۇشۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش، باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش، كەسپىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، مەركەز كارخانىلىرى سۈپىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە پۇقراۋى قونالغۇ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، كۆپ مەنبەلەشكەن كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەقىل - چارە كۆرسەتتى.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىياسىي كېڭەش جۇڭگوچە تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشتىكى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئورتاق تونۇشىنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشى كېرەك.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، بىرلا غەيرەتتە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ھەرىكەتكە كېلىپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە تۈرتكە بولۇش جەھەتتە باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى قوزغىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە ئەمەلىي تەدبىر كۆرسىتىپ، ئاساسىي مېلودىيەنى ئەۋج ئالدۇرۇش جەھەتتە قابىلىيىتىنى نامايان قىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىدىغان ئەڭ چوڭ مەركەزداش چەمبەر سىزىپ چىقىش كېرەك. بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشۇش، بىرىكمە كۈچنى ئاشۇرۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى تۇتۇپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە سىجىل كۈچ قوشۇپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا ئالاقىدار كادىرلار ئىشلىرى ماقۇللاندى.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا كېلىپ سۆزنى ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جىنشەن، جۈرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، كوڭ شىڭلۇڭ، ياڭ يۈڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇڭچېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى، مۇئاۋىن رەئىس دۇ ۋەنگۇي، چيۇ شۇخۇا شۆبە يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 2019 - يىللىق «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى خۇلاسە قىلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى چۆرىدەپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا 2019 - يىللىق خىزمەتلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، 2020 - يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ نۇقتىلىق ۋەزىپە چۆرىدىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاشنى ياخشى تۇتۇش، يېزىلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلاش، يېزا - كەنتلەردە كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، يېزىلارنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەر تەكىتلەندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزا - كەنتلەردە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ نېگىزى. شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى رايون ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئالغا سىلجىتىش يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى كېڭەيتىشتىن سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، پاختا، چارۋا، مېۋە ۋە خاس زىرائەت قاتارلىق ئەۋزەل مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەستايىدىل پىلانلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەلىك يىرىك پىلانى ۋە «14 - بەش يىل»لىق يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات يىرىك پىلانى بىلەن ياخشى جىپسلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ تىرىك چوشقا كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى چىڭ تۇتۇپ يولغا قويۇپ، تىرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى چىڭ تۇتۇپ يولغا قويۇپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كۆممىقوناق شېخى قاتارلىقلارنى يەم - خەشەك ماتېرىيالى قىلىش ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كۆلەملەشكەن، ئۆلچەملەشكەن باقمىچىلىقنى ياخشى تۇتۇپ، گۆش قويى، سۈت كالىسى، گۆش كالىسى باقمىچىلىقىنى كېڭەيتىپ، چوشقا، كالا، قوي گۆشى ۋە كالا سۈتى قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەسلىھەلىك كۆكتات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شىنجاڭ ئىچىدە كۆكتات تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چەكلەيدىغان بوغما ھالەت مەسىلىسىنى يېشىپ ھەل قىلىشنى تەتقىق قىلىپ، يىل ئاخىرىدا ئىسلاھاتتىكى باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشانلارنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، بازار رىقابىتىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ باغ - ئورمانچىلىق كەسپىدە ئالتۇن خەتلىك ماركا يارىتىش كېرەك. قۇملۇق چېكەتكىسى ۋە شىنجاڭ ئىچىدە چېكەتكىنى كۆزىتىپ ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، چېكەتكە ئاپىتى يوشۇرۇن خەۋپىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، رايونلار بويىچە تۈزەش ۋە ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. يېزا - كەنتلەرنىڭ سېلىنما كاپالىتى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى مۇلازىمىتى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئىختىساسلىقلار تىرىكى، ئاپەت زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە يېزا - كەنتلەرنى تۈزەشتىن ئىبارەت «بەش چوڭ» سىستېما قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، 1 - كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، يېزا - كەنتلەردە كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك تىرەك ۋە كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىدا سىناق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)